2021 ـ يىل 3 ـ ئاي
26
جۈمە
维吾尔文 3 月26日
25372 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت
ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 تىيانشان تورى: www.ts.cn

## شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈشتىكى يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارى 100 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشتى

شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخ-
بىرى چېن جياڭۋېينىڭ دۆلەت ئېلېكتر
تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سودا
مەركىزى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشى-
چە، 2 ـ ئايغىچە، شىنجاڭنىڭ توكنى
سىرتقا يەتكۈزۈشتىكى يېڭى ئېنېرگىيە
توك مىقدارى جەمئىي 103 مىليارد 600
مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتكەن.
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېرى كەڭ
بولۇپ، مول شامال ئېنېرگىيەسى ۋە قۇياش
ئېنېرگىيەسى بايلىقىغا ئىگە، شامال ئېنېرگ-
يەسى بايلىقى زاپىسى، قۇياش ئېنېرگىيەسى-
نىڭ يىللىق رادىياتسىيە ئومۇمىي مىقدارى
بىردەك مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا
تۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش،
بۇلغىما ئازايتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيل-
ىشىشى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈك-
سىز تەرەققىي قىلىشى يېڭى ئېنېرگىيە تە-
رەققىياتىنى بىرقەدەر ياخشى شارائىت
بىلەن تەمىنلىدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئېلېكتر
تورىنىڭ ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى
103 مىليون 700 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ،
غەربىي شىمال بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ فۇجيەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە مۇلازىمەت قىلىش ۋە سىڭىشىش جەھەتتە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ فۇجيەن سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈش كېرەك



3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ فۇجيەندە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ نەنپىڭ ۋۇيىشەن شەھىرى شىڭسۈن بازىرى يەنزىكېي ئېكولوگىيەلىك چايزارلىقىغا كېلىپ، يەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىللىرى، چايچى دېھقانلار بىلەن سەممىي پىكىر ئال-
ماشتۇرۇپ، شۇ جاينىڭ چايچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.
☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى يەن يەن فوتوسى



3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومى-
تېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ فۇجيەندە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ سەنمىڭ شەھىرى شاشيەن ناھىيەلىك
باش دوختۇرخانا كېسەلخانا بىناسىنىڭ 1 ـ قەۋىتىدىكى چوڭ زالدا دوختۇر ـ سېستىرالار، ئاغرىقلار بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى.
☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۋ، 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگ-
راممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رە-
ئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا فۇجيەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق
تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇر-
ملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش
خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات
باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ،
يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، تەممىنات تەرەپلىك قۇ-
رۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى
كېڭەيتىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، يۇ-
قۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەق-
قىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇ-
تاش پىلانلاپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلە-
تىش جەھەتتە تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى
تەرەققىيات ئەندىزىسىگە مۇلازىمەت قىلىش ۋە سىڭىشىش جەھەتتە
تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ، دېڭىز بوغۇزى ئىككى
قىرغىقىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش
جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلاپ، يۇقىرى سۈپەتلىك
تۇرمۇش يارىتىش جەھەتتە تېخىمۇ زور بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇ-
رۇشنىڭ فۇجيەن سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈش كېرەك.
باھار پەسلىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە، فۇجيەن تۇپرىقى جۇشقۇن
ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى. 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنى-
گىچە، شى جىنپىڭ فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجى-
سى يىن لى، ئۆلكە باشلىقى ۋاڭ نىڭنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىلگىرى ـ
كېيىن بولۇپ نەنپىڭ، سەنمىڭ، فۇجوۋ قاتارلىق جايلارغا كېلىپ،
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 116 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى
# شىنجاڭ قار ـ مۇز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى
مۇخبىرى لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ
ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتو-
نوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر
ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ 116 ـ قېتىملىق دائىمىي يى-
غىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يى-
غىندا «جىلىن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمى-
تى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو (چاغبەيشەن
تاغ تىزمىسى ـ ئالتاي تاغ تىزمىسى) قار ـ
مۇز ئىقتىسادى يۇقىرى سۈپەتلىك تە-
رەققىيات سىناق رايونىنى ئورتاق
قۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق
رامكا كېلىشىمى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش
توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى»،
ئاپتونوم رايوننىڭ «ئون چوڭ
كەسىپ» تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش
خىزمىتى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى.
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغانىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخ-
بىرلىرى ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي خەۋەر
قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن
بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومى-
تېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى
ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى
مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى
دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك
سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭنىڭ
شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغانىدا
قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈز-
دى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىز-
چىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى
تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە
كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا
رىياسەتچىلىك قىلدى.
يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى:
رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ مۇھىم سۆزىگە
باشتىن ـ ئاخىر شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى سىڭدۈ-
رۈلگەن، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ
خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى سىڭ-
دۈرۈلگەن، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ
شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپ-
مۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئە-
مىنلىك باش نىشانى سىڭدۈرۈلگەن. ئەس-
تايىدىل ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر
ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،
يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئى-
دارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايى-
دا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي
مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نى-
شانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆلچەمگە توغ-
رىلىنىش، تەلەپكە توغرىلىنىش بىلەن مەۋ-
قەنى ئەمەلىيەتكە قويۇشنى بىرلەشتۈرۈش-
تە، نىشان يۆنىلىشى بىلەن مەسىلە يۆنىلى-
شىنىڭ بىرلىكىدە، ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىل-
جىتىش بىلەن مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈ-
رۈشنى ماسلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ،
پۇختا قەدەم بىلەن يولداش شى جىنپىڭ
يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتې-
تىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل
جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەلا نەتىجىلەر
بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى-
نى تەبرىكلەش كېرەك.
بىرىنچىدىن، ئۆگىنىش، تەشۋىق
قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى دائىملىق قانات
يايدۇرۇش كېرەك. 3 ـ قېتىملىق مەركەز
شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ
روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ
مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى سىجىل ئۆگىنىپ
ئىگىلەپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي
ئىشلىتىپ، ئۆگىنىش، لېكسىيە سۆزلەش،
تەربىيەلەش، تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇ-
رۇش، تەتقىقات ـ مۇھاكىمە پائالىيىتىنى دا-
ئىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، ئەبەدىي
ئەمىنلىككە مۇناسىۋەتلىك ئۇل خاراكتېرلىك
خىزمەتلەرگە كۈچ سەرپ قىلىپ، گەۋدىلىك
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، كەمتۈكلۈكلەرنى
تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشكە
كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.
ئىككىنچىدىن، جەمئىيەت چوڭ ۋە-
زىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە
مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. ئاگاھ
سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيار-
لىقنى دائىم ساقلاپ، سوتسىيالىستىك
قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

## پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ لېكسىيە دوكلاتى بېرىش يىغىنى بىڭتۇەندە ئۆتكۈزۈلدى

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي ئىش قىلىش يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى
مۇخبىرى جاڭ شياۋيەن خەۋەر قىلىدۇ:
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش
ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسىغا
ئاساسەن، 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، پارتىيە
تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە
مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ لېكسىيە دوكلاتى
بېرىش يىغىنى بىڭتۇەندە ئۆتكۈزۈلدى.
مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى،
مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە
ھۆججەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى
چۈ چىڭشەن لېكسىيە دوكلاتى بەردى.
ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جىڭۋېيىسى
ۋاڭ جۈنجېڭ دوكلات بېرىش يىغىنىغا
رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)